# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى

ئىنسانىنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرى بارلىق زامانلاردا نادانلىقتىن، قاششاقلىقتىن، ساۋاتسىزلىقتىن بولۇپ كەلگەنلىكى ھېچ كىمگە سىر بولمىسا كېرەك. ھەر قانداق خەلق نادانلىقتىن، ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلالماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئېغىر كۆلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەر قانداق خەلقنىڭ ئەينە شۇنداق مۇشكۈل ھالەتتىن قۇتۇلدۇرغۇچىلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۆز خەلقىنى زالىملار-نىڭ زۇلۇم-ستەملىرىدىن ئازات قىلىپ، ئىلغار، روناق تاپقان مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. خەلقنى مۇنداق ئېزگۈ، ھەققانىي يولغا باشلايدىغان ئادەملەر ئەڭ ئالىي بىلەن بۈيۈك يارىتقۇ-چىمىز ئاللاھنىڭ: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىك-تۇر، ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى» («قۇرئان كەرىم»، «ئەلەق» سۈرىسى، 1-5-ئايەتلەر) دېگەن يول-يورۇق-لىغا ئاساسەن ئۆمۈر بويى ئوقۇغان، بىلىمنى ئاشۇرغان، بىلگەنلىرىنى يېزىپ، كېلەچەك ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆز خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى-لىرىدۇر.

20-ئەسىردە ئۇيغۇر خەلقى ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، سابىت داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۆمۈر خەلىپە، غوجانىياز ھاجىم، غېنى باتۇر، ئەخمەتجان قاسىمى كەبى ۋە كۆپلىگەن باشقا ئەجايىپ يارقىن سىمالارنى مەيدانغا ئاتتى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مۇنداق مەرىپەتپەرۋەر، ئىنقىلابىي، سىياسىئون، شائىر، قەھرىمان پەرزەنتلىرى بىلەن ھەقلىق يوسۇندا پەخىرلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز 1944-1949-يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئاتىسى ئەخمەتجان قاسىمى توغرىلىق، ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى ھەققىدە قىسقىچە توختالماقچىمىز.

ئەخمەتجان قاسىمى 1914-يىلى ئاپرېلدا ئۇيغۇرلار دىيارى غۇلجا
شەھىرىنىڭ دوڭكۆرۈك مەھەللىسىدە بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.
ئۇ ئالتە ياشقا تولغاندا دادىسى نادىر ۋاپات بولغانىدىن كېيىن، ئائىلە تۇرمۇش-
دىن ئايرىلغان ئانىسى شەرۋانخان ئەخمەتجاننى ئەگەشتۈرۈپ ھاللىق،
باي كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ جان باققان. ئەخمەتجان سەككىز ياشقا
تولغاندا ئانىسىغا ياردەملىشىپ تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىنى ئازراق
بولسىمۇ يېنىكلىتىش مەقسىتىدە ئوتۇنچىلىق قىلغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
ئۇ بىر كۈنى ئوتۇن كەسلەۋاتقاندا ياغاچ پارچىسى چاچراپ چىقىپ كۆزىگە
تەگكەن. ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ سەل ئاجىزلىقى ۋە ئاقتۇغى ئەينە
شۇ ئېغىر تۇرمۇشنىڭ يادىكارى بولۇپ قالغان...
1924-يىلى ئاغىسى ئۆمەر قاسىم ئەخمەتجاننى سابىق كېڭەش ئىتتىپاقى-
نىڭ تەركىبىدىكى قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەركەنت
شەھىرىگە ئېلىپ كەتكەن. بۇ يەردە ئۇ ئىنتېرناتتا يېتىم بالىلار ئوقۇيدىغان
بەلگىلەنگەن دارىلئېيتام) ئوقۇغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، يەنە ئوقۇشنى
داۋاملاشتۇرۇپ، ئاقشاملىرى كىنوتېئاتىردا بېلەت سېتىش، كىنوزالنى تازىلاش
ئوخشاش ئىشلارنى قىلىپ، تۇرمۇشنى قامدىغان. ئاندىن ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۇتۇقلۇق
پۈتتۈرۈپ، 1934-1937-يىللىرى تاشكەنتتە ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفۇنۇنىدا
تەھسىل كۆرگەن. بىلىمگە تەشنا، تىرىشچان ھەم ئىنتايىن زېرەك ئەخمەت-
جان 1937-يىلى بىلىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش مەقسىتىدە موسكۋا شەرق
خەلقلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا چۈشۈپ، ئۇنى 1941-يىلى ئۇتۇقلۇق
تاماملىدى. ئەخمەتجان بۇ ئالىي بىلىم دەرگاھىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي پەنلەرنى
قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەندىن تاشقىرى ئۇيغۇرلار دىيارى شەرقىي تۈركىستاننىڭ
شۇ چاغدىكى (جاللات شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى) ئەھۋالى ئەھۋالى ئۈستىدە
ئىلمىي-تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە شۇ مەزگىلدە س س س ر ھۆكۈمىتىنىڭ،
شەخسەن ستالىننىڭ زور قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە سازاۋەر بولغان ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى خانغور شېڭ شىسەينىڭ "ئىلغار 6 سىياسەت"
زورگۇزۇش نىقابى ئاستىدا قىلىۋاتقان بەزى جىنايى ئىشلىرىغا تىل

تەككۈزگەن، مەلۇمكى، 1937 - 1938 - يىللىرى كېڭەش ئىتتىپاقىدا بارلىق ھاكى مىيەتنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرگەن ئىئوسىف ستالىن مەملىكەتنىڭ كەڭ دائىرىدە ئاممىۋى تۈردە سىياسىي تەقىبلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، ئىلغار پىكىرلىك، كۆزى ئوچۇق زىيالىيلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى تەقىبلەپ يوقىتىلدى، جازا لاگېرلىرىغا سۈرگۈن قىلىندى. ئۇ دەۋردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئاتاقلىق ئىنقىلابىي، دۆلەت ئەربابى ۋە مەرىپەتچى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىنقىلابىي ۋە مەرىپەتپەرۋەر زاتلاردىن ئىسمائىل تايىروۋ، بۇرھان قاسىموۋ، يۈسۈپ ساباروۋ ۋە كۆپلىگەن باشقىلار قاتارىدا مەخمۇتجان قاسىمىيمۇ تەقىبلىنىدۇ لېكىن، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەتىقاتىنىڭ يۆنىلىشى س س س ر نىڭ ئىچكى سىياسىتىگە زىت بولمىغانلىقى، شۇنىڭدەك س س س ر ھۆكۈمىتىمۇ كېيىنرەك مەككار شېڭ شىسەي نىڭ ئالدامچىلىق، مەككارلىقىنى تېخى يەتكۈزەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كېيىن، م. قاسىمى تەرجىمانلىق- تىن بوشىتىلىپ، ئوقۇشنى پۈتتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان، 1941-يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، مەخمۇتجان قاسىمى بىر يىل مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلىدۇ، ئاندىن ئۆزىگە ئوخشاش "گۇمانلىق" 12 كىشى ئۇيغۇرلار دىيارىغا ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ 12 كىشىدىن 11 ئالماس دېگەن كىشىنىڭ يولباشچىلىقىدا شەرقىي تۈركىستان نىڭ جەنۇبىغا، يەنى مەخمۇتجان قاسىمى بولسا تارباغاتاي ئارقىلىق چۆچەككە كەلگەن. بۇ تەۋەدە بىلىملىك، تەرەققىيپەرۋەر، ئوتتۇر پىكىرلىك مەخمۇتجاننىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، سۆزى گومىنداڭ جاسۇسلىرى تەرىپىدىن قاتتىق نازارەت قىلىپ، ساقچى ئورۇنلىرىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇرۇلغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ شېڭ شىسەي جاسۇس لىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. مەخمۇتجان چۆچەكتىن ئېلىپ كېلىنىپ دەسلەپ ئۈرۈمچىدە ئۈچ ئاي تۈرمىدە ياتقان، ئاندىن ئۈرۈمچىدىكى 2-تۈرمىگە ئېلىپ كېلىنگەن. شېڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرى مەخمۇتجاننى قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئېلىپمۇ ھېچ نەتىجە چىقىرالمىغان. شۇنداق قىلىپ، 1944-يىلى سېنتەبىردە، يەنى شېڭ شىسەي ئۇيغۇرلار دىيارىدىن قىستىلىپ ئىچكىرىگە يۆتكىلىپ كېتىشىدىن كېيىن، بىر تۈركۈم سىياسىي مەھبۇسلار تۈرمىدىن بوشىتىلغاندا مەخمۇتجان قاسىمىيمۇ ئازات قىلىنىدۇ.

ئۇ غۇلجىغا كېلىشى بىلەن ئىنقىلابنىڭ ھۆلىنى تەييارلاۋاتقان "ئازادلىق"
تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتىگە جەلىپ قىلىندۇ. ئەخمەتجان قاسىمى
بۇ دىنلا ئىنقىلابى پائالىيەتكە كىرىشىپ، شەھەر قوراللىق قوزغىلاڭغا
رەھبەرلىك قىلىۋاتقان تەشكىلاتنىڭ پارتىزانلار بۆلۈنمىلىرىنى تەشكىل-
لەش خىزمىتىنى ئاتقۇردى. ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ ئۈچ ۋىلايىتىدە مىللىي-
ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىدىن كېيىن ئىنقىلابى شەرقىي
تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا (1944-يىل 12-نويابىر كۈنى)
ئەخمەتجان قاسىمى "ئىنقىلابى شەرقىي تۈركىستان" گېزىتىنى تەسىس
قىلىنغاندا گېزىتخانىدا ئىشلەيدۇ. مەزكۇر گېزىت ئۇيغۇر، رۇس ۋە خىتاي
تىللىرىدا نەشىر قىلىنغان.

بۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجان قاسىمنىڭ يۇقۇرى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك
سىياسون ئىكەنلىگى، تەشكىلاتچىلىق ۋە ئۇيۇشتۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ
ئۈستۈن ئىكەنلىگى بىردىنلا كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا سازاۋەر
بولىدۇ. ئەخمەتجان رەھبەرلىك قىلغان گېزىتنىڭ يۆنىلىشى ئېنىق بولۇپ،
تەشۋىقات-تەرغىباتى كۆپچىلىك ئاممىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ،
گېزىت تەھرىراتىنىڭ بارلىق تەھرىر-مۇخبىرلىرى ئۇنىڭ بىلەن چاپسانلا تىل
تېپىشىپ، ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەتتە ۋە بىر مەيداندا تۇرۇپ،
خىتاي گومىنداڭ مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلۇم-ستەملىرىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا
خەلقلەرگە نىسبەتەن يۈرگۈزگەن شوۋىنىستىك، مىللەتچىلىك چىرىك سىيا-
سىتىنى پاش قىلىپ، مىللىي-ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئاداقى نىشانى ۋە مەقسى-
تىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئاڭ-سەزىمىنى كۆتۈرۈپ، ئىنقىلابى ئىشلارنى
روھلاندۇرۇشقا يولىدا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدۇ.

2 ئەخمەتجان قاسىمى ئىنقىلابى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ
مەقسەت ھەم ئاساسى خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان توققۇز ماددىدىن ئىبارەت
"شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى" دەپ ئاتالغان
مۇھىم ئەھمىيەتلىك ھۆججەتنى ئىشلەپ چىقىپ، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ

زور ئالقىشقا سازاۋەر بولىدۇ،
ماناشۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يۇقۇرى بىلىملىك،
قابىلىيەتلىك ۋە كېلەچەكنى كۆرەلەيدىغان ئەجايىپ ئىختىدارى كۆپچىلىك
رەھبەرلەر ئەربابىدىن دەرھال ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۇ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈ-
مىتى ئاپپاراتى باش كاتىپىنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا يۆتكەلدى. ئەخمەتجان
قاسىمى ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتلىك خىزمەتلىرىنى يولغا قويۇش،
ئىچكى، تاشقى ۋەزىيەتنى جىددىي تەھلىل قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ توغرا قارار
چىقىرىشىغا ئەقىل كۆرسىتىش ئۇخشاش ئىنتايىن جاۋابكەرلىك
خىزمەتلەرنى بېجىرىشتە ئۆزىنىڭ بارلىق بىلىمىنى سەرپ قىلىپ، ھۆكۈمەتتە
ئابرويلۇق ۋە سالاھىيەتلىك رەھبەرلەر سېپىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ
مۇھىم تەشەببۇسلىرى مۇھىم تەشەببۇسلىرى ئىنقىلابچىلارنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەت-
لىشىگە ئېگە بولدى. ئەنە شۇ مۇھىم ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئەخمەتجان
قاسىمىنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرويى ئۇشۇپ كەتتى. شەرقىي تۈركىستان
جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە ساغۇنى ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەت-
چىسى مۇھەممەت ئابدۇللات (بۇ كىشى س س س ر دىن ئەۋەتىلگەن) دائىم ئەخمەتجان
قاسىمىنىڭ پىكىر تەكلىپلىرىگە ئېتىبار بېرىدىغان بولدى. ئۇ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى
راۋاج، مەخسەتتە مۇۋاپىق يۈرگۈزۈش، ھۆكۈمەت ئەزالىرى مەجلىسلىرىنىڭ
مۇھىم قارار-لايىھەلىرىنى، ئەمرى-پەرمانلىرىنى تەييارلاش قاتارلىق ئىشلارنى
بېجىرىپ، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ مەجلىسلىرىدە ئالاش بولغان مەسلىلەردە
ئۇنىڭ سالماقلىق پىكىرلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئويناتقانلىقى مەلۇم.
1945-يىلىنىڭ ئوتتۇرىدا ئەخمەتجان قاسىمى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ
ئەزالىقىغا سايلاندى ۋە ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈمىنىڭ دەسلەپتە يېرىم پولكوۋنىك
كېيىن پولكوۋنىك دەرىجىلىك باشلىقى بولۇپ تايىنلاندى.
شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئوتتۇرا، شىمالىي ۋە جەنۇبىي يۆنى-
لىشلىرى ئىلى، ئارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى 1945-يىلى تامامەن
ئازات قىلىپ، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن ۋىلايەتلىرىنىڭ 3/1 قىسمىنى ئۆز
قولىغا كىرگۈزگەن بىر پەيتتە فىناي گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت سىياسىي
كېڭەش منىستىرى، ماھىر دىپلومات، گېنېرال جاڭ-جىجوڭ 1945-يىلى

9-سېنتەبىر كۈنى خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى جياڭ كەيشىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئالدىراشلىق بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. گېنېرال جاڭ جىجوڭ 14-سېنتەبىر كۈنى س س س ر نىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىنقىلابچىلار تەلەپ قىلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە خىتاي تەرەپنى تىنچلىق سۆھبەتكە كېلىشتۈرۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغانىدا، س س س ر كونسۇلى: «بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشى، مېنىڭ ئارىلىشىشقا ھەققىم يوق، ئامما مەن خىتاي - س س س ر دىپلوماتىك يولى بىلەن ھەل قىلىش مەسلىھەتىنى بېرىشىم مۇمكىن» دېگەن جاۋابنى بەرگەن. خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى دەرھال موسكۋاغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىغا چۈشۈپ «شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىپ بېرىشنى» ئۆتۈنىدۇ. ئۇمۇمەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ماناس دەرياسى بويىدا ئالغا ئىلگىرلىمەي توختاپ قېلىپ خىتاي بىلەن تىنچلىق سۆھبەتكە بارغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەخمەتجان قاسىمىي تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرگەن ئىدى: «دۈشمەن بويىچە ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە تاشلانغان شىئارغا ~~نىسبەتەن~~ بىنائەن مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تىكلەش ~~مەسىلىسى كۈن~~ لازىم ئىدى. لېكىن بىز بۇ مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى تىكلەش مەسىلىسىنى كۈن تەرتىۋىدىن ئېلىپ تاشلىدۇق».

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى 1945-يىلى 11-ئۆكتەبىردە ۋەقۇ-لادە قىلىپ ئېچىپ، گومىنداڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «تىنچلىق تەكلىۋىنى» ئۆگىنىپ كۆرۈش قارارىغا كېلىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈ-مىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈش سۆھبىتىگە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى رەھىمجان سابىرىي (رەئىس)، ئەبۇلخەيرى تۆرە (مۇئاۋىن)، ئەخمەتجان قاسىمىي (مەسلىھەتچى) كەبى ئۈچ كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەستىقلىدى. ۋەكىللەر 1945-يىلى 14-ئۆكتەبىر كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ گېنېرال جاڭ جىجوڭ باشلىق سۆھبەت ۋەكىللىرى بىلەن بولغان دەسلەپكى ئۇچرىشىش 17-ئۆكتەبىر كۈنى ئۆتىدۇ. ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى بىر-بىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، تىنچلىق سۆھبىتى بىر

مەملىكەت ئىچىدىكى قارىمۇ-قارشى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقانلىقى ئىشۋارىدا
ئېلىنسا، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى»، دېگەن
سالاھىيەت ئورنىدا «قوزغىلاڭ كۆتەرگەن رايون ۋەكىللىرى»، ۋە ياكى
«خەلق ۋەكىللىرى»، سالاھىيىتىنى قوبۇل قىلىشتى. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا
سسسرنىڭ ئوينىغان رولى ئاز ئەمەس. فىنتاي ۋەكىللىرى بولسا، «مەركەز ۋەكىلى»
دەپ ئاتالدى.

2 ھە، بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، سسسر ئىمپېرىيەسى
ئاز چېگارىسىدا مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن بەك
خوۋۇپلىناتتى. سوۋېت ئىمپېرىيەسى ئىنقىلابنىڭ بېشىدا نېمە ئۈچۈن
ئۇيغۇر خەلقىگە ياردەم قىلغۇسى كەلمەي قالدى؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھەققىي
ئىچى ئاغرىپ، ھېسداشلىق قىلىش نىيىتى بولسا، نېمە ئۈچۈن 1933-يىلقى
خوجا نىياز ھاجىم رەھبەرلىكىدىكى مىللىي-ئازادلىق ھەرىكەتكە ياردەم قولىنى
سۇنماي، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى جاللات شىڭ
شىسەيگە بارلىق كۈچى بىلەن ياردەم قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇپ، خوجانىياز
ھاجىمنى بىۋاسىتە ستالىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرى قىلى ئاتامچا
بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرەردى؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تۆۋەندىكىچە:

1. ھەتتا شەيتانغىمۇ دەرس بېرىدىغان مەككار تۈلكە شىڭ شىسەي
«ئىلغارلىق»، تونىدا ئورىنىۋېلىپ، ھەر خىل كۆز بويامچىلىق يوللىرى بىلەن
سسسر رەھبىرى ستالىننى ئالداپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ۋە كۆيلەپ
ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ياردەم بېرىشىگە ئېگە بولدى، ھەتتا روسسىيە
كوممۇنىستلار (بولشېۋىكلار) پارتىيەسىگە ئەزامۇ بولدى. ئەگەر 1941-يىلى
گېرمانىيە سسسرغا فاشىستلارچە بېسىپ كىرىپ، 1942-يىلى سسسر
تېخى ئەھۋالدا قالغاندا، شىڭ شىسەي ستالىننىڭ ئىشى پۈتتى دەپ
ھوشۇرىنى خام ساناپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇيغۇرستاندىكى سسسر
تەسىرىنى سىقىپ چىقىردى. بۇ ستالىننىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى ۋە
ئۇ پۇرسەت كەلگەندە ~~شىڭ~~ شىڭ شىسەينىڭ ئەدىۋىنى بېرىشنى كۆڭلىگە
پۈكۈپ قويدى.

2. 1943-يىلى فىنتاي گومىنداڭ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى جياڭ كەيشى

بىلەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى ئۇيغۇرلار دىيارىدا، ئىنسانىيەتكە غۇلجا شەھىرىگە يېقىن جايدا ~~چوڭ بىر~~ ئاقاشنىڭ چوڭ بىر ھەربىي-ھاۋا كۈچلىرى بازىسىنى سېلىشقا كېلىشىدۇ، ئەگەر مۇناق ھەربىي-ھاۋا بازا ھەقىقەتەنمۇ سېلىنىدىغان بولسا بۇ سىسسىرغا ئىنتايىن چوڭ خوۋۇپ تۇغدۇرۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. سىسسىر رازۋېدكىسى خىتاي بىلەن ئاقاشنىڭ ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ غۇلجا شەھىرىگە يېقىن جايدا چوڭ ھەربىي پىلانىسىدا -ھەربىي-ھاۋا بازىسى قۇرۇش توغرىلىق مەخپىي كېلىشكەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتنى قولغا چۈشۈرىدۇ. بۇ ئەھۋال كرېملنى قاتتىق بىئارام قىلىۋېتىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن سىسسىر تەۋەسىدىن ئىچكى ياۋۇز دۈشمەن - كېيىنكى ئەسكەرلىرى چىقىرىلمىغان ئىچكى بىر شارائىتتا ستالىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئويغىتىش، ئىنقىلاب قىلغۇزۇپ ~~شىڭنىڭ~~ شىڭ شىسەينى ئۆچىنى ئېلىشنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەڭ مۇھىمى، ھەربىي ھاۋا بازا قۇرۇشنى نىيەت قىلغان ئامېرىكىنى شەرقىي تۈركىستانغا كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىدۇ. ھەم سىسسىر ئىمپېرىيەسى ئۆزى كۆزلىگەن بۇ مەقسەتلىرىگە يېتىۋالغاندىن كېيىن، بىر كېچىدىلا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئاتلىق، بىرونى ۋىلى، زەمبىرەك، مىنومىيوت ئوخشاش ئىشقوراللىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سىسسىر ئىمپېرىيەسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي-ئازادلىق ھەرىكىتىنى يېرىم يولدا توختىتىپ، دۈشمەن بىلەن بىتىم قىلىشقا مەجبۇرلىغان ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ماھىر سىياسىي ~~ئەربا~~ ئەرباب، ئەقىرىشىم دىپلومات، يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك ۋە ئۆتكۈر تەھلىل كۈچىگە ئىگە ئەجايىپ دانا رەھبەر ئىكەنلىكىنى ياققال نامايان قىلغان ئىدى. ئۇ خىتاي گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-باسقۇنچىلىرىنىڭ ئەينە شۇ «تىنچلىق سۆھبىتى» باھانىسىدا ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى يوقىتىش، خەلقنى قورالسىزلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملىق ساقلاش ئوخشاش ئۇرۇنۇشلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا رەددىيە بېرىپ ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى پاش قىلىپ، گومىنداڭچىلارنى تىنچلىق سۆھبىتىدە سەمىمىيەت كۆرسىتىشكە مەجبۇر

قىلدى.

مەشھۇر ئۇيغۇر يازغۇچىسى ۋە دۆلەت ئەربابى، شەرقىي تۈركىستان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بىرى، مىللىي ئارمىيە رازۋېدكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، پولكوۋنىك زىيا سەمەدىي ئۆزىنىڭ "ئەخمەت ئەپەندى" دېگەن كۆلەملىك رومانىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىتىم-سۈلھىگە كېلىش جەريانىدىكى ۋەقەلەرنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: "ئەخمەتجان قاسىمىي ئىنقىلاۋىي پائالىيەتكە قاتناشقاندىن تارتىپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى تولۇق ئازات قىلىنغىچە بولغان شۇ دەۋرلىك كۆرەشلەر جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن مۇرەككەپ قىيىنچىلىقلار، ئالاش-تارتىشلار، جىددىي ئەھۋاللارنى مۇناسىپ ھەل قىلىشتا چەككەن قىيىنچىلىقلىرى ۋە سەرپ قىلغان ئەجىرلىرىدىن كۆرە "سۈلھى" مەسىلىسى پەيدا بولغاندىن كېيىنكى ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇ بىرھەم ئىچىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. شۇ كۈنلەردە ھەممە مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئۇنىڭ قولىدا بولغىنى ئۈچۈن خەلقنىڭ كېلەچەك ھاياتى مەنپەئەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلغان ھالدا مەسىلىلەرنىڭ مۇۋاپىق ھەل قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەسئۇل ۋە جاۋابكار ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. خۇسۇسەن گومىنداڭ تەرەپ بىلەن "سۈلھى" يۈرگۈزۈشتە دادىل تۇرۇپ مەنپەئەت تالىشىش، ھوقۇق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىلمىي، تارىخىي، جۇغراپىيە ۋە ئومۇمەن مىللىي مەنپەئەتنى ھىمايە قىلىشتا سەۋرچانلىق، تەدبىرچانلىق بىلەن دائىملىق-قائىدە يوسۇنىنى، مەنتىقىنى قوللىنىش ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىگە تاقابىل تۇرۇش تەلەپ قىلىناتتى. يەنى دۈشمەننى ھامان تۇرۇپ بەس-مۇنازىرە ئارقىلىق قايىل قىلىش، كەسكىن رەت قىلىپ بولمايدىغان دەلىل ئىسپاتلار بىلەن مات قىلىش يولىنى بىلىشى كېرەك ئىدى، ئەكسى ھالدا خەلق مەنپەئەتىنى، ئىنقىلاب سەمەرىسىنى ئۇتتۇرۇپ قويغانلىق كەبى مەسئۇلىيەت گۇناھكارى بولۇشتەك ئەھۋاللاردىن يىراق ئەمەس ئىدى."

ئەخمەتجان يېقىن كەلگۈسىدە بولغۇسى "سۈلھى" سۆھبىتىگە بېسىپ ئۆتكۈدەك تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. گەرچە ئۇ تارىختىن خەۋەردار بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، دۆلەت قۇرۇلۇشلىرى، قاغانلار، خاقانلار،

خانلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى سالتەنەتلىرى، جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئورۇنلىشىشى ۋە ئومۇمەن دۇنياۋى مەدەنىيەت، سىۋىلىزاتسىيەگە قوشقان تۆھپىلىرى، جۈملىدىن قەدىمدىن تارتىپ خىتاي بىلەن، خۇسۇسەن تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى مۇناسىۋەت جەھەتتىكى خىتايغا بولغان تەسىرىنى دۇنيا تارىخچىلار ئەمەس، بەلكى كۆپرەك خىتاينىڭ تارىخىي مەنبەلىرىگە تايىنىپ، دەلىل - ئىسپاتلارغا يۆلەنگەن ھالدا تەھلىل قىلىپ، چوڭقۇر ئۆگەنگەنىدى. ئىككى يۈز يىلدىن ئىلگىرى، مەنچىڭ دەۋرىدە خىتاي - مانجۇر ئىستىلاسىدىن بۇيانقى دەۋرنى بولسا ئۇيغۇر - جۇڭرىلىرىنىڭمۇ يادقا بىلەتتى. خۇللەس «سولخى» «سوھبەتتە خىتايلار بىلەن بولغۇسى ئاساسىي داۋا بىزنى ئىستىقلالىيەت داۋاسى ئەمەس، بەلكى قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئىستىقلالىيەتنى، دۆلەت قۇرۇلۇشنى قايتا تىكلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن زېمىن ئىگىدارلىقىغا، ۋەتەن ئىگىدارلىقىغا ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى....» (زىيا سەمەدى، «ئەخمەت ئەپەندى»، تارىخىي رومان، ئالمۇتا، رەۋازۇشى نەشرىياتى، 1995-يىل، 305-306-بەتلەر)

ئەخمەتجان قاسىمى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى، ناھايىتى قۇۋ تۈلكە، ئەۋرىشىم دىپلومات گېنېرال جاڭ جىجوڭ بىلەن بولغان سۆھبەتتە گومىنداڭچىلار ئاقابىل كېلەلمەيدىغان ئاساسىي رەقىبكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. 1945-يىلى 17-ئۆكتەبىر كۈنى بولغان دەسلەپكى سۆھبەتتە جاڭ جىجوڭ ئۆزىنىڭ كىرىشمە سۆزىدە: «مەن بۈگۈن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھەر قايسىڭلارنى قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكىنىمدىن ناھايىتى خۇشاللىق ھېس قىلماقتىمەن. بۇ خۇددى ئاكا-ئۇكا قېرىنداشلارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئوخشاش ئىش. بىز ھەر مىللەت ئەڭ يېقىن قېرىنداشلاردۇرمىز. جۇڭخۇا مىنگودىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلە قېرىنداشلاردىن تەركىب تاپقان...» دېگەنىدەك سەپسەتە قىلىپ، گويا تۈركىي خەلققە مەنسۇپ، خىتايلار بىلەن قوشنىسا قېنى قوشۇلمايدىغان ئۇيغۇرلارنى خىتايلار بىلەن بىر ئاكا-ئۇكا قېرىنداش دەپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ يەرلىكلەرگە نىسبەتەن قىلىۋاتقان زورلۇق-زومبۇلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئادەتتىكى قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر-كۆز قاراشلارنىڭ بىردەك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن چوڭ-چاتاقلاردىن خالىي بولۇشى ئەس دېگەنىدەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۈپلۈك مەنپەئەتلىرىنى ئىناۋەتكە ئالماي، ئىنقىلابنىڭ ئەھمىيىتىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنغاندا،

بۇنىڭغا جاۋابەن ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دەپ رەددىيە بېرىدۇ:

— جانابى گېنېرال سىز سۆزىدە «ئۇقۇشماسلىق ماجراسى»، «ئاقلار-قىزىللار ئوتتۇرىسىدىكى نارازىلىق»، ۋە ئاخىرىدا «شېڭ شىسەي سىياسىتىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ باشقۇرۇشتىكى خاتالىقلىرى» دېگەنگە ئوخشاش «خالىغانچە» ئاستىدا ۋاقىتلىق مۇئامىلىلەرنىڭ ئۆز ماھىيىتىنى چەتلەشتۈرۈشكە ھەدەپلەشكە ئۇرۇندى. ماجرالارنىڭ ئۆز سەۋەبلىرى ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەسكى، بىز ئازاتلىق ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلدۇق. مەزكۇر ئىنقىلاب مۇستەملىكە قىلىنغۇچىلار، ھاكىم مىللەت بىلەن مەھكۇم مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈل-كېسىل كۈرەشتىن ئىبارەتتۇر...

— ئېنىقكى، شىنجاڭ دېگەن ئاتالما باسقۇنچى قوشۇننىڭ قوماندانى زو زۇڭتاڭ ئىشغالىيەتتىن كېيىن بېرىلگەن بولۇپ «يېڭى زېمىن-يېڭى ئۆلكە» مەنىسىدە) ئەسلى نامى بولسا شەرقىي تۈركىستان ياكى ئۇيغۇرستان ئىكەنلىكى ھەرگىزمۇ «فىتنە تەۋەسىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ ئاجرالماس مۇھىمى» ئەمەسلىكى، بۇ دىيار ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارغا خاس-ئۇيغۇرلارغا تەۋە مىراس ماكانىدۇر. بۇ قۇتلۇق ۋەتىنىمىزدە كۈرەشچان ۋە مېھنەتكەش ئەجدادلىرىمىز ~~ئاسىيادا ئۇلۇغ~~ قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، ھاكىمىيەت تەرەققىياتى، مەدەنىيەت-سەنئەتتە، ئىسلامات جەھەتلەردە جاھان خەلقلىرى تەرەققىياتىغا بىباھا تۆھپىلەرنى قوشقان...

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە قان قېرىنداشلىرى ئۆز تارىخىدا ئاسىيادا ئۇلۇغ ھون ئىمپېرىيەسى (مىلادىدىن 240 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 206-يىلىغىچە)، ياۋروپا ھون ئىمپېرىيەسى، ئۇيغۇر خانلىقى (487-546-يىللار)، ئۇلۇغ كۆكتۈرك ئىمپېرىيەسى (551-744-يىللار)، ئۇيغۇر-ئورخۇن قاغانلىقى (646-845-يىللار)، ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى (850-1212-يىللار)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (850-1335-يىللار)، كەنسۇ (گەنسۇ) ئۇيغۇر خانلىقى (870-1036-يىللار)، ياركەند سەئىدىيە خانلىقى (1504-1678-يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن ئىمپېرىيە-خاقانلار، خانلىقلار ئالەمگە مەشھۇرلىقى ۋە شۇ دەۋرلەردە قىممىتى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ تارىخى سەھنىسىدە ناھايىتى مۇھىم تەسىرلىك ۋە ئىجابىي رولىنى ئوينىغانلىقىنى ھېچ كىم ئىنكار قىلالمايدۇ. دېمەك، بىز ئۇيغۇرلار تارىخىي دۆلەت قۇرغۇچى جەھەتتىن بولسۇن، زېمىن-مۈلۈك ئىگىدارچىلىقى

جەھەتتە بولسۇن ئۇلۇق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھوقۇقلۇق ۋارىسلىرى سوۋېتنى داۋاگەر بولۇشقا ھەقلىق. ھوقۇقىمىز بار!..

~~1945-يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقان بويىچە دۆلەتلەر بويسۇنغان كېلىشىمنى تۈزدى، ئۆكتەبرشىم~~

بىز ھەممىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈچ ۋىلايىتىدە پارتلىغان مىللىي - ئازادلىق ئىنقىلاب نەتىجىسىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك خىتاي گومىنداڭ دۆلىتى رەھبىرى جياڭ كەيشىنىڭ قوللانغان تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«... 1944-يىلى 7-نويابىر كۈنى س س س ر نىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ستالىننىڭ جياڭ كەيشى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى جياڭ جىنگوغا (جياڭ كەيشىنىڭ ئوغلى) ئۇقتۇردى.

لېكىن جياڭ كەيشى ستالىننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. گومىنداڭنىڭ ئەرخىپ ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، جياڭ كەيشىنىڭ مۇنداق قارارغا كېلىشى، ئۇنىڭ ستالىننىڭ تەكلىپى خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا بولغۇسىدەك سىلىش سۈيقەستى دەپ گۇمانلانغىنىدىن بولغان. شۇ چاغدا سېپتوۋېي ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتكەن. ئەمما جياڭ كەيشى بولسا ستالىن بۇ پۇرسەتنى كۆرۈپ يەتكەچكە، خىتاي - س س س ر رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى ئارقىلىق ئامېرىكىنى خىتايدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. جياڭ كەيشىنىڭ ئەنسىرىشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاي بىلەن كېلىشىپ ئىتتىپاقدىشى ئامېرىكىدىن خۇپىيانە ھالدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالىماپتى. 1944-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر مىل كۆز قاراش - يەنى روزۋېلت تۆتىنچى قېتىم پرېزىدېنت بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن بىر يىل ئىچىدە خىتايغا زىيارەتكە كېلىدىكەن، دېگەن قاراش تارقالغان ئىدى. شۇڭا جياڭ كەيشى ئېھتىمال ئاۋۋال روزۋېلت بىلەن ئۇچرىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ستالىن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئەتكەش-كىچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

جياڭ كەيشىنىڭ ستالىن بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىماسلىقى شىنجاڭ ۋەقەسىنىڭ تەسىرىدە ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. 1944-يىلى 11-نويابىر

كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى.
چىياڭ كەيشى بۇنى ستالىننىڭ يەنە ئۆچەيلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ
قارىدى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن كېچەش ئىتتىپاقى خىتايغا دوستانىلىك
كۆرسەتكەن ھەمدە ئامېرىكىنى خىتاي-س س س ر مۇناسىۋىتىنىڭ
ياخشىلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭدا بىر ئاز يول قويغان
ئىدى، ئەگەر بولسا ئامال قىلىپ بۇ رايوننىڭ ئۆزىنى تولۇق ئورۇۋالماقچى،
س س س ر نىڭ مۇناپىق ستراتېگىيىسىگە تاقابىل تۇرۇشتا، ئۇنى پەرۋالىمەي
ئەمەس، بەلكى ياش تۈلىپ، خىتاي-س س س ر مۇناسىۋىتىنىڭ ھەقىقىي قىيا-
پىتىنى ئالەمگە ئاشكارىلاش كېرەك ئىدى.

1944-يىلى نويابىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا چىياڭ كەيشى بىر پىلانغا تەستىق
سالدى، بۇ پىلان بويىچە، ئاللانقان ئىككىنچى ئارمىيىدىن 40 مىڭچە ئەر
ئەسكەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ «ئىسيانى» باستۇرماقچى بولدى. س س س ر نىڭ
ئاچاۋۇز جىلىق قىلىش فاكتىنى قولغا چۈشۈرۈپ، فاكتىنى ئامېرىكىغا تاپشۇرۇپ،
ئامېرىكىغا شىنجاڭدىكى ئىسياننىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش بۇ
ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئىدى، چىياڭ كەيشى شىنجاڭ ۋەزىيىتى-
نىڭ يامانلىشىشى-س س س ر كېچەيمە چىلىكىنىڭ ئىسيانى، ئامېرىكا
بۇ فاكتقا ئېرىشكەن ھامان جۇڭگو خىتايغا ياردەم بېرىپ، س س س ر نى
چەكلەيدۇ دەپ قارىدى. مۇناپىق شارائىتتا س س س رغا بېرىپ ستالىن بىلەن
كۆرۈشۈش ئۆز يۈتىنى ئۆزى جوشەپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ مۇناپىق ئۈچرىشىش
پەقەت خىتاي-س س س ر مۇناسىۋىتىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى يوشۇرۇپ،
ئامېرىكىنى خىتايغا ياردەم بېرىلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى،
لېكىن قانداق سەۋەبى چىقىش قىلمىسۇن، چىياڭ كەيشىنىڭ ستالىن-
نىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشى، كەلگۈسىدىكى خىتاي-س س س ر مۇناسىۋىتى
بۇ ئىككى كىشى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى جۇڭگو رۇزۋېلت بىلەن ستالىن
تەرىپىدىن يالتادا ھەل قىلىنىدىغانلىقىنى دېرەك بېرەتتى... (27 ئىيۇن. ۋ.
گارۋېر، ئامېرىكا جورجىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى. «رەقىبلە رۇۋە ئىتتىپاق-
داشلار»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 503، 504، 505-بەتلەر)

بۇ يەردە مۇنۇ بىر مۇھىم ھۆججەتنى نەقىل كەلتۈرۈشنى ئارتۇق بولمىسا كېرەك.

د...، 1945-يىلى 14-ئاۋغۇست كۈنى „خىتاي - س س س ر دوستلۇق-
ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى موسكۋادا ئىمزالانغانلىقى، بۇ شەرتنامىغا قوشۇمچە
قىلىپ ئالماشتۇرۇلغان ھۆججەتتە گومىنداڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تاشقى
موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى، س س س ر
بولسا: شىنجاڭدا يېقىندىن بۇيان روي بەرگەن ۋاقىئە توغرىسىدا س س س ر
ھۆكۈمىتى دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنىڭ 5-ماددىسىدا ئېيتىلغان
ئىشىنىدۇكى؛ „خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتىنىڭ يوقلۇ-
قىنى يەنە بىر قېتىم بايان قىلىدۇ...“ - مەزكۇر ھۆججەت س س س ر نىڭ
خىتايدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلاددە ۋە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى
پېترۇۋنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغان „مېمورانىدۇم“ ىدا تۇرۇپتۇ.
قوش، مۇناق شارائىتتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرى قانداق
تەدبىر قوللىنىشى كېرەك ئىدى؟ بەزى بىر كالتە پەملىك شەخسلەر؛ ئەمەلى-
يەتنى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن 11 ماددىلىق بىتىمگە قول قويۇپ، ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقىغا خائىنلىق قىلدى، دېگەنگە ئوخشاش سەپسا-
تالارنى تارقىتىپ، داھى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يارقىن سىماسىنى
قارىلاشقا ئۇرۇنماقتا. بۇ ئادەملەر ئاتوغرا، شۇ دەۋردىكى ھەقىقىي ئەھۋال-
دىن ئادەمەن خەۋىرى يوق، ھەتتا يەملىك ئادەملەرلا بىتىم مەسىلىسىدە ئەينى
شارائىتنى بىھەنلەرنى بىلمەسلىكى مۇمكىن.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى سەككىز
ئاي بويى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان سۆھبەت ناھايىتى مۇرەككەپ ئالاش-
تارتىشلار ئىچىدە ئۆتتى. مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئۇيغۇر خەلقى
خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئەزمۇ-ئۆز تۇرۇپ قوراللىق كۈرەش قىلغان بولسا،
ئەمدى ئۇيغۇرستان خەلقىگە تېچلىغان خىتايلار بىلەن „سۈلھى“، تۈزۈش-
سىياسىي سۆھبەت جەريانىدا خەلقىمىزنىڭ ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش
ئازادلىق قارشى تەرەپ بىلەن دائىرلى-قانۇن قائىدە ئېتىشىپ، جىددىي بەس
مۇنازىرىلەرنى قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ تەھدىتكە-تەھدىت، مۇرەسسە چىلىكىگە
مۇرەسسە، دىپلوماتىيەسىگە دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، گومىنداڭ-
چىلارنىڭ ھەر جەھەتتىن قامال قىلىشىغا يول قويماي، خەلق مەنپەئەتىنى

دادىل خوجايىشتا يۇقىرى پاراسەتلىك، ئەقىل ئىدراكلىق، ۋەزىيەتنى ئوبدان تەھلىل ھالدا ئەمەل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەمگىكى بىباھادۇر. بىتىمنىڭ ئىمزالىنىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىناۋىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈچ ۋىلايىتى ئەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەر ئەخمەتجان قاسىمىي باشچىلىقىدىكى بىر بۆلەك ئىلغار پىكىرلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيەسىنى، قىلغان ئىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمىنى ھەقلىق يوسۇندا ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئىمزالانغان 11 ماددىلىق بىتىم بويىچە ئەندى ئۇيغۇرلار دىيارىدا شىنجاڭ ~~بىرلەشمە~~ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمىي ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى ۋە ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە ۋاكالەتەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى.

ئەخمەتجان قاسىمىي ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ گومىنداڭ مەركەزىي ھۆكۈمىتىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان، يەرلىك خەلق ئاممىسى كۈتكەن تۈپلۈك ماھىيەتتە بارغانچە يوق، ئەمەلىيەتتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلقنى بۇلاپ داۋاملىق بۇلاپ-تالىشىدا، خەلققە ئالدامچىلىق قىلىشىدا ۋاستە بولۇۋاتقان قىلمىشلىرىغا قارشى دادىل، قەتئىي مىساللار بىلەن جۈرئەتلىك كۈرەش قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلىرى ئىمزالىغان 11 بىتىملىكسە 11 ماددىلىق بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن تىنچلىقنى بوزۇپ، ئەخمەتجان قاسىمىي رەھبەرلىكىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە توختىماي ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. گومىنداڭچىلار ھىيلىگەرلىك بىلەن ئاتالمىش نامايىشلارنى ئۇيۇشتۇردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇنداق نامايىشلاردا شەرقىي تۈركىستان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا قېچىپ كەلگەن يات ئۇياقتا تۇتقانلىرى ئۆلگەن ئادەملەرنى ئەخمەتجان قاسىمىي ئەۋلادلىرىغا قارشى ۋاستە قىلىپ ئىشلەتتى. ئەنە شۇنداق ھەركەتلەرنىڭ بىرى، «فىتنىلار نامايىشى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، گومىنداڭچىلارنىڭ

قوزغاتقۇلۇقى بىلەن ئەتەي يالانغان „25-فېۋرال قانلىق ۋاقىئە" ئىدى.

1947-يىلى 25-فېۋرال كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەجلىسى ئەينىلا ئېچىلىشقا ناماييشچىلار دەھشەتلىك سۈرەن - چۇقان بىلەن ھۆكۈمەت بىناسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، „قىزىل ياماقلارنى ئۇر!"، „زىۋازا-ئوغرىلار" دەپ قەھرلىك چار سېلىپ، ئاشقارقى قورادىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىنى ياماقلاشقا باشلىدى. قاتىللارنىڭ دەسلەپكى قۇربانلىرى مۇئاۋىن رەئىس بۇرھاننىڭ شوفېرى مۇئۇيافۇ ۋە ئادەتتىكى خادىملار ئىبرايىماخۇن، ھەسەن ۋە داۋۇتلار بولدى، ناماييشچىلار ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئالدىغا چىقىشنى تەلەپ قىلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ناماييشچىلارنىڭ ۋەكىللىرى ئالدىغا چىقسا، ئۇلار: „مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەت ئۆزى چىقسۇن!" - دەپ تەلەپ قىلدى. ئابباسوۋ ناماييشچىلارنىڭ شەرتىنى ۋە ئۇلارنىڭ قۇتۇرۇق ئەلپازىنى ئەخمەت ئەپەندىگە مەلۇم قىلدى. شۇ ئارلىقتا بىرنەچچە قېتىم سىرتقا چىقىپ كىرگەن ~~[illegible]~~ مۇئاۋىن قوماندان گېنېرال ۋاڭ ~~[illegible]~~ ئەخمەت ئەپەندىمگە ئارقا ھويلا ئارقىلىق قېچىپ كېتىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئەخمەت ئەپەندىمگە كۆيۈنگەنلىكى ئىدى. لېكىن ئەخمەت ئەپەندى ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن: „گېنېرال، سىزگە ھازىر ئىككى يول بار: بىرى، چىقىپ ئەسكەرلىرىڭىزگە ئارقىغا قايت، دېيىسىز، ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ، بىز چىقىپ ئەنگىشۇدىكى خەلقنى تارقىتىمىز. تىنچلىق بولىدۇ. يەنە بىرى، ئىشىكنى ئېچىپ ئەسكەرلىرىڭىزنى قويۇپ بېرىسىز، ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ. بۈگۈن ئۈرۈمچىدە، ئەتىسى ئارتىپ يۈرۈپ ئۆلتۈرە قان تۆكۈلىدۇ. شۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى خالىسىڭىز بىرىنى تاللاۋېلىڭ!" - دەپ قەتئىي ئىرادىسىنى بىلدۈردى. ئەخمەت ئەپەندىنىڭ بۇ خىتايلارنىڭ ئىغۋاگەرلىك ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئۆزىنى ئەجايىپ تەمكىن، سوغۇق قانلىق بىلەن تۇتۇپ، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا نىسبەتەن ئەجايىپ ئىرادىسى ھەممىنى قايىل قىلغان ئىدى.

ئەخمەت ئەپەندى يەنە بىر سۆزىدە: „بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز. بىز ئۆلۈمنى ئاللىقاچان ئۈستىمىزگە ئالغان ئادەملەر بىز، ھازىر بىز ھايات قالساق ھەم خەلققە پايدا، ھۆلنى، بىتىم بولسىمۇ خەلققە ئەركىنلىك تەمەس قىلىمىز ئۆلسەك ئۆلۈمىمىز ئارتۇق پايدا، ھۆلنى، بۇ مۇنا سۆھبەت بىلەن خەلق

قورغىلىپ، بۇ قېتىم بىتىمدىن كۆرە ئارتۇقراق، يەنى تولۇق ئازاتلىقنى قولغا ئالىدۇ. دېمەك بىزنىڭ قېتىمىز ھەقىقىي ئازاتلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ھالەتتە بىز ئۈچۈن شاھادەتلىك ئۆلۈم بولىدۇ،» — دېگەن.

ئەخمەتجان ئەپەندىم يەنە خىتاي تەرەپ ۋەكىللىرىگە قاراپ:

«بۈگۈنكى ئويۇننى ئويۇشتۇرغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئوسال بولۇپ قېلىشىنى ئاۋۋال ئويلىمايدۇ. قىزىق بىر ھېكايە ئېسىمگە چۈشتى: ئۆتكەن زاماندا، روسسىيەدە بىر گېنېرال بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى سىنىماقچى بوپتۇ. ئۇ ئوفىتسېرلىرىنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىغا بىر سوغ تاماق تەييارلاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇن ھالدا بىر گراناتنى پىكىتىپتۇ (گرانات ياغاچتىن قىلىپ تەييارلانغان ئىكەن). ئوفىتسېرلار ئۈستەلدە ئولتۇرغاندا بىرى قولىنى تاماققا سالغان ئىكەن، گرانات بىردىنلا پارتلاپ كېتىپتۇ. ئوفىتسېرلارنىڭ بىرسى ئۈستەلنىڭ ئاستىغا، بىرسى تاشقىرىغا، بىرسى كارىۋات تېگىگە موكۇۋاپتۇ. بەزىلىرى قېچىپتۇ. پەقەت بىر يەھۇدىي ئوفىتسېر ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپتۇ. گېنېرال ھەممىسىنى يىغىپ، مەن بۈگۈن سىلەرنى سىناماقچى ئىدىم. غەيرەتلىكلار ياخشى بىلىندى. (يەھۇدىي ئوفىتسېرنى كۆرسىتىپ) غەيرەت دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ. مەن بۇ كىشىنى چوڭ مۇكاپاتلايمەن، خوش، سىزگە نېمە كېرەك؟ ئېيتىڭ، دېگىنىڭىزنى بېرىمەن دەپتۇ. ھېلىقى ئوفىتسېر ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرغىنىچە گېنېرالغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا:

- ھۆرمەتلىك گېنېرال! ھازىرچە ماڭا مۇكاپاتنىڭ ھاجىتى يوق، بىر ئىشتان بىر سوۋغات بەرسىڭىز، بۇ مېنىڭ ئالىي مۇكاپاتىم بولار ئىدى،» - دەپتۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىر تەرەپتىن خىتاي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 11 ماددىلىق تېنچلىق بىتىمىنى ئۆز ئالدىغا يىرتىپ تاشلاپ، دېموكراتىيەنى بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قارشى [illegible] تۇرۇپ كۈرەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دېموكراتىك ئىنقىلابىي كۈرەشنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يۇقىرى بېسىمغا تىز پۈكمەسلىك ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېتىشنى قارار قىلىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت

خەلقنىڭ داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا قەتئىي كۈرەش قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەركىزى - غۇلجا شەھىرىدە ئەخمەت ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى ۋە رەھبەرلىكىدە 1948-يىلى 1-ئاۋغۇستتا «تىنچلىق، دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. بۇ بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەلنىڭ خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك مىللىي بىرلىك ئىتتىپاقىنى تەشكىللەشتىن ئىبارەت مۇددىئانى كۆزلىگەن ئىش ئىدى. «ئىتتىپاق» قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردە ئۇنىڭ ئەزالىرى بارلىققا كەلدى، تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. «ئىتتىپاق» نامىدا بىر خەلق تەشكىلاتى بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ھەربىي، مەمۇرىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت-مائارىپ ئوخشاش بارلىق ساھالاردا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر ھوقۇقلۇق سىياسىي تەشكىلاتقا ئايلاندى. «ئىتتىپاق» ئەزالىرى 1948-يىلىنىڭ ئاخىرىدا 60 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. «ئىتتىپاق» ئەزالىرى ھەممە مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دېھقانلار 21 مىڭدىن، ئىشچىلار 10 مىڭدىن ئارتۇق بولغان، ئەنى ئەزالارنىڭ قالغان قىسمىنى چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، زىيالىيلار ۋە باشقىلار تەشكىل قىلغان. ئىلغار پىكىرلىك، ساغلام كۆز قاراشتىكى ئىنقىلابچى زىيالىيلار «ئىتتىپاق» تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولدى. «ئىتتىپاق» ئۆزىنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «ئالغا» گېزىتى، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى، «ئۇراق» (قازاقچە) ژۇرنىلىغا ئوخشاش گېزىت-ژۇرناللارنى نەشر قىلدى.

1949-يىلىغا كەلگەندە ئىچكى خىتايدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش خىتاينىڭ مۇتلەق كۆپ جايىدا كەينى-كەينىدىن غەلىبە قازاندى، جياڭ كەيشى ھاكىمىيىتىنىڭ تەختى تامامەن يىمىرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. 1949-يىلى ئاۋغۇستتا، جۇڭگو خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چىقاردى. 1949-يىلى 23-ئاپرېل كۈنى 22 كىشىدىن بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن نەنجىڭ

~~كومە~~ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قوللىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۇمران بولغانلىقى جاكالاندى.

1949-يىلى ئاۋغۇستتا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ~~دېڭ لىچۈن دېگەن~~ ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ۋەكىلى - يەنى تەجرىبىلىك رازۋېدچىك دېڭ لىچۈننى مەخسۇس ئالاقە ئاپپاراتى بىلەن ~~ئۇيغۇر~~ ئۇيغۇرلار دىيارىغا ئەۋەتتى. ئۇ ماۋزېدۇڭنىڭ خېتىنى ئەخمەتجان قاسىمغا تاپشۇردى. خەتنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە؛

«شىنجاڭ ئۆلكا پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە، ئەخمەتجان ئەپەندىگە:

سىلەرنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە جياڭ كەيشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى يات ئارىدا پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا غەلىبە قىلىۋاتقان، پۈتۈن خىتايدىكى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ دالا ئارمىيەلىرى، ئازات رايونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەردىكى خىتاي مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەستايىدىل تەييارلىقلار ئارقىلىق 9-ئاي ئىچىدە بېيجىڭدا ئومۇمىي يىغىن ئاچىدۇ. بۇ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي يىغىن مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈش، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشتىن باشقا، يەنە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتىنى سايلاپ چىقىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىللىق بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار پۈتكۈل خەلقىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى، غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ تولۇق ئازات بولىدىغان ۋاقىتقا ئانچە ئۇزاق قالمىدى. سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار يات-ئارىدا ئەمەلگە ئاشۇرغان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ۋەكىللىرىڭلار سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى

چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار 9-ئاينىڭ دەسلەپكى 10 كۈنى ئىچىدە بېيجىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز. تېلېگراممىدا يېتىپ بارغانلىقىڭلارنى بىلدۈرۈپ جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەركىزى سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
ماۋزېدوڭ
1948-يىل 8-ئاينىڭ 18-كۈنى. بېيجىڭ.“

1949-يىلى 23-ئاۋغۇست كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ۋەكىللەر بېيجىڭغا سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. ئۇلار ئولتۇرغان سامولىيوت بىلەن ئالمۇتىغا بارىدۇ. ئاندىن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق شەرقىي تۈركىستان ھەيئىتىنىڭ ۋەكىللىرى 26-ئاۋغۇست كۈنى ئالمۇتا ئايرودرومىدا سامولىيوتقا ئولتۇرغان پېتى ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. موسكۋا بۇ ھادىسىنى ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلىغا خەۋەر قىلىپ: „ئىلى ۋەكىللىرى 27-ئاۋغۇست كۈنى سامولىيوت ھالاكىتىگە ئۇچراپ، ھالاك بولدى“ — دېگەننى ئۇقتۇردى خالاس! مانا شۇنىڭدىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن ئۇشۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق مىللىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ پاجىئەلىك ھالاك بولغانلىقى تا ھازىرغىچە ئېچىلمىغان سىر بولۇپ قالماقتا..

ئەخمەت ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىككى چوڭ قىزىل ئىمپېرىيەنىڭ بىرلىشىپ ئويۇشتۇرغان سۇيىقەستىنىڭ قۇربانلىرى بولدىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئەجىلى شۇ ئىدىمۇ؟ بۇ سوئاللارغا تارىخچىلار يېشەلمەي، تەپسىلىي تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارماي تۇرۇپ بىر نېمە دېيىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنقىلابىي قۇربانلىرىمىزنىڭ روھىغا جەننەتتىن ئورۇن بەرسۇن. ئامىن.

يادىكار سابىتى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. „قۇربان كەرىم“
2. جۇن.ۋ.گارۋېر (ئامېرىكا) „دەۋر ۋە ئىتتىپاقلاشلار“.
3. زىيا سەمەدى „ئەخمەت ئەپەندى“ تارىخىي رومان.
4. سەيپىدىن ئەزىزى „ئۆمۈر داستانى“ (ئەسلىمە 2).